# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ يىراقنى كورەر رەھبىرى

# ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ ھەققىدە ئەسلىمە

لى تەيىۋى

يولداش ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ھەممىگە ئايان رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ، ئاز ياشىدى، بىراق شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاۋىي تارىخىدا ئۆچمەس ئەھمىيەت قالدۇرۇپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىشىنىڭ ئالدىدىكى 1944 - يىلى كۈزدە قوزغىلىپ تاكى شىنجاڭ ئازات بولغانغا قەدەر داۋام قىلدى. ئۇ، ئېزىلگۈچى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى»نى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە كوتىرىلگەن مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى ئىدى، تارىختا ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ كەلگەن چوڭ خەنزۇچىلىق خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مىللىي ئازارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، خەنزۇلارنى ھۇجۇم قىلىش نىشانى قىلىپ قويىدىغان خاتا خاھىش يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتە ياشاۋاتقان بىر تۈركۈم خەنزۇلار ئىنقىلاپنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. لېكىن ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاببباسوپ بارلىق خەنزۇلارنى دۈشمەن قاتارىدا كورۈپ قارا قويۇق زەربە بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، كۈرەش تىغىنى جاھانگىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بىۋاستە قارىتىش لازىملىقىنى باشتىن - ئاياق قاتتىق تەكىتلەپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىلا ئۇ، بىر تەرەپتىن ھەركەت جەريانىدا يۈز بەرگەن خاتا خاھىشلارنى تۈزەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىگۇناھ پېتىسىزلىككە ئۇچرىغان خەنزۇلارنى بارلىق كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا تىرىشتى. ھەمدە خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا قوراللىق خادىملارنى ئەۋەتىپ، ئامال قىلىپ خەنزۇ خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى دەخلى - تەرۇزدىن ساقلاپ قالدى. شۇ سەۋەپتىن، تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بار بەزى رەھبەرلەرنىڭ زەربىسىگە

ئۆچۈرگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ توغرا تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچمەي، ماركسىزمچى ئىنقىلابچىغا خاس جاسارەت ۋە پەزىلەتنى ئىپادىلىدى. پرىنسىپال مەسىلىلەردە قىلچە يول قويۇپ بەرمىدى. ماۋجۇشى: «كىملەر بىزنىڭ دوستىمىز، كىملەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؟ بۇ مەسىلە ئىنقىلاپتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە» ① دېگەن ئىدى. ئابباسوپ بۇ مەسىلىدىمۇ ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرەر ئىقتىدارىنى نامايەن قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى جەريانىدا، ئاباسوۋنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆز قاراشتا بولغان باشقا رەھبەرلەرنىڭ پائال تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، پەيدىن - پەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان، شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەر بىلەن، جۈملىدىن خەنزۇلار بىلەن بىرلەشكەن مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋي ھەركەتكە ئايلاندى. ئاخىرى پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋى بىلەن بىرلىشىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنقىلاپنىڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

يولداش ئاباسوۋنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا سىنىپىي تەھلىل كۆز قارىشى بويىچە، ماركسىزم - لېنىنىزمغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولغان توغرا تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋي ئەمەلىي ھەركىتىدە ئىزچىللاشتۇرالىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا پارتىيە تەربىيىسىنى ئېلىپ يېتىلىپ چىققانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. پارتىيىمىز 30 - يىللاردىلا زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتكەن ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، يولداش ئاباسوپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇن قارىمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى يولداش لىن جىلۇنىڭ ۋە باشقا ئوقۇتقۇچى كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە ئىنقىلاپ داۋلىلىرىنى چۈشەنگەن ھەمدە شۇ چاغدا جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋي كۈرەشتىكى ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە قارىتا تونۇش ھاسىل قىلغان؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئالىجاناپ ئىنقىلاۋي پەزىلىتى، جاپاغا بەرداشلىق بېرىدىغان ئاددىي - ساددا ئىستىلى، ھارماي - تالماي ئىشلەيدىغان خىزمەت روھى بىلەن بىر پاك - ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر ياشقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئىنقىلاۋىي يولغا مېڭىپ، ئىنقىلاۋىي ئىشلارغا خالىس ۋە سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، يولداش لىن جىلۇنى

ھەر قېتىم تىلغا ئالىنغاندا، ئىنتايىن قايىل بولۇش، سېغىنىش ۋە ھۆرمەتلەش تەلەپپۇزى بىلەن ماختايتتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ئۈلگىسى دەپ بىلەتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇ پارتىيىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتقان ئىدى.

مەن يولداش ئابباسوپ بىلەن 1946 - يىلى تونۇشقان ئىدىم. شۇ چاغدا، ئۇ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلىدىغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىل سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن سىرداش دوست ھەم يېقىن سەپداش بولۇپ كەتتۇق. بۇ دوستلۇق تاكى ئۇ غۇلجىدىن چوڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۇنجى قېتىملىق 1 - سانلىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ماڭغىنىغا قەدەر داۋام قىلدى. مەن ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىدىغانلىقىمىزنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ھازىر بۇنىڭغا 34 يىل بولدى. ئۇ چاغدىكى ياش يىگىتلەرنىڭمۇ بېشىغا ئاق كىردى. لېكىن يىللارنىڭ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈشى ئۇنىڭ مېڭەمدە قالدۇرغان ئوبرازىنى سۇسلاشتۇرالىغىنى يوق. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەبەسسۇم چىرايى، خۇشخۇي كەيپىياتى، كېلىشكەن سالاپىتى، ئوچۇق - يورۇق گەپ - سۆزلىرى خۇددى ھازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. بىز تونۇشۇپ بىرگە ئۆتكۈزگەن 4 يىل ۋاقىت ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. ئەمدى بۇ پېشقەدەم سەپدىشىمنى سېغىنىپ ئەسلەش يۈزىسىدىن، بىلگەن ئەھۋاللىرىمنى يېزىپ چىقتىم.

## 1. دەسلەپكى ئۇچرىشىش

1946 - يىل ئىيۇن ئېيىنىڭ ئوچۇق كۈنلىرى ئىدى. بۇ يىلى باھار بالدۇر كەلگەچكە، ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان ئىدى. يولداش چېن شىخۇا بىلەن ئىككىمىز ئابباسوپنىڭ چۈشكەن يېرىگە باردۇق. ئۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى غەربىي - شىمال مەھكىمىسى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورنى) نىڭ قىيپاش ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان كوچىدىكى 2 قەۋەتلىك كىچىك بىر بىنادا ئىدى، ئىشىكتە پوست تۇراتتى، ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن

توسماستىن كىرگۈزدى. ئابباسوپ بىزنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. چۈنكى شىخوا ئابباسوپ بىلەن كونا ساۋاقداش ئىدى، بىزمۇ بۇرۇنلا ئۆز ئارا چۈشىنىشكەن ئىدۇق، شۇڭا بىر كۆرۈش بىلەنلا كونا قەدىناسلاردەك كەڭ - كۇشادە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. چۈنكى شىخوا بىلەن ئىككىمىز ئىلىنى ۋاقىتتىكى ئىنقىلاۋىي يەر ئاستى تەشكىلات — «شىنجاڭ كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى» (3) ئاممىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق ۋەزىيەتتىن قانداقسىگە پايدىلىنىپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشنى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكىلى بارغان ئىدۇق. ئىككى تەرەپ ناھايىتى قىزغىن پاراڭلاشتۇق. ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن ئارتىپ تا نۆۋەتتىكى كۈرەشنىڭ تاكتىكا مەسىلىلىرىگە قەدەر سۆزلەشتۇق. 1946 - يىلىنى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋى تارىخىدا ئاچقۇچلۇق يىل دېيىشكەن بولاتتى. 1945 - يىلى گېرمانىيە - ياپونىيە ئىككى فاشىزم ئاجاۋۇزچىلىرى ئارقىمۇ - ئارقا شەرتسىز تەسلىم بولۇپ، 2 - جاھان ئۇرۇشى ئاياقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇش ئىنسانىيەتكە كۈتكەن دەرىجىدە تېچ ھايات ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى. دۇنيادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر 3 - جاھان ئۇرۇشىنى جىددى تەييارلاۋاتاتتى. جياڭ جيېشى 8 يىل داۋام قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئازاۋىنى بېشىدىن كەچۈرگەن جۇڭگو خەلقىنى يېڭى ئۇرۇش ئوتىغا ئىتتىرمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاجاۋۇزچىلارنىڭ بىر يەشۋاسىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، قەدەمدە بىر ئارقىغا چېكىنىپ، غەربىي - جەنۇبقا تىقىلىۋالغان «دۆلەت ئارمىيىسى» بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئازىمۇ كۆرەڭلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازات رايونلارغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم باشلىدى، خەلق قولىدىكى غەلىبە مېۋىلىرىنى تارتىۋالماقچى بولدى. ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. جۇڭگو خەلقى ئۆز شىللىسىدىكى ئىككى زور تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن 100 يىل باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان 20 نەچچە يىللىق كۈرەش جەريانىدىلا غەلىبىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرگەن ئىدى. بىراق جياڭ جيېشى ئىنقىلابنى يەنە ئۇجۇقتۇرماقچى بولدى. شۇڭا، جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش - كەلتۈرەلمەسلىكنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىگە كېلىپ قالدى.

شىنجاڭمۇ ھالقىلىق بىر پەيتتە تۇرماقتا ئىدى. 1944 - يىلى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوراللىق باستۇرۇشىنى مەغلۇپ

قىلغاندىن كېيىن، بىر يىلدىن ئارتۇق سوھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، 1946 - يىلى 1 - ئايدا، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم بىلەن قوشۇمچە 1 - ھۆججەت ئىمزالاندى. شۇنىڭ بىلەن قەغەز يۈزىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، تىنچلىق ئورنىتىلدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىشتىراكى بىلەن بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، تىنچلىق بىتىم ۋە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ماددىلىرى ئىجرا قىلىنماقچى بولدى. ئەمما پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن قارىغاندا، بۇ پەيت جياڭ جيېشىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن قوللانغان تاكتىكىسى بولۇپ، ئۇ، چېگرانى مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، يىراق چېگرا رايون شىنجاڭدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى بىلەن ۋاقىتلىق سۈلھ قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىگە زاھىرەن بەزى دېموكراتىيىلىك ھوقۇق بېرىپ، ئېختىيارىيەت ( ئاپتونومىيە ) يۈرگۈزۈشكە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. لېكىن گومىنداڭ تىنچلىق بىتىمىنى ھەقىقى تۈردە ئىجرا قىلىدۇ، دەپ ئويلاش قۇرۇق خىيال ئىدىنىلا ئىبارەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ھەربى جەھەتتە غەلىبە قىلىشى، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى — مانا بۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەردى، زور دەرىجىدە رىغبەتلەندۈردى. ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلىرىدا، ھەممىلا يەردە كۈرەش يالقۇنلىرى لاۋۇلداپ ياندى. مەملىكەت ئىچىدە چوڭ ئۇرۇش يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان، شىنجاڭدا ۋاقىتلىق تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقان، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەمدىلا قۇرۇلغان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، قانداق قىلىپ، ھازىر يۈز بەرگەن ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىستىخىيىلىك كۈرىشىنى توغرا ئىزغا چۈشۈرۈش نۇقتىسىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددى مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى. بىز يۇقىرىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئالدى بىلەن ھەر مىللەت ئىچىدىكى ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مەيلى خەنزۇ ياكى ئاز سانلىق مىللەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىنقىلاۋىي چوڭ نىشان ئاستىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەركەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئەپسۇسكى، ئۇ چاغدا، شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئېزىۋل .. كېسەل بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى تۈرمىگە تاشلانغان ۋە تېخى يېقىندىلا يېڭىدىنگە قايتۇرۇلغان ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ بىرلىككە كەلگەن بىرەر

ئىنقىلاۋىنى تەشكىللەپ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشقا تىرىشقان ئىدى. ئاباسوپ بىلەن تۇرانجى قىيۇم ئىچىراپ كەلگەن خىزمەتلىرىمۇ ئەنە شۇ ئىدى. كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىملاپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، 3 ۋىلايەت مەركىزى — غۇلجىدا يىغىن ئېچىپ، بىرلىشىش جەريانىدىكى كۆپ كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە بىرلەشكەندىن كېيىنكى كۈرەش تاكتىكىلىرى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بارماقچى بولغان ئىدۇق. بىز يولغا چىقايلى دەپ تۇرغاندا، ئاباسوپ گومىنداڭ تەرىپىدىن نەنجىڭدە ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك قۇرچاق قۇرۇلتايغا تەكلىپ قىلىنىپ، بىزنىڭ غۇلجىغا بارىدىغان ئىشىمىز ۋاقىتلىق توختاپ قالدى.

## 2. نەنجىڭغا سەپەر

1946 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئازات رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، يەنە ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. ئىككى مىليون مۇنتىزىم ئارمىيىسىنىڭ 80% كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، جەنۇبتىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيە-سىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى بىر يولىلا يوقىتىشقا ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇش قىلدى. ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئىنتايىن زور پەرق بار ئىدى. شۇڭلاشقا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى رەھبەرلىكىدىكى ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەلىنىش يولىغا قويۇلۇپ، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچىنى يوقىتىش ئاساسىي نىشان قىلىنغاندىكى، بەزى شەھەر ۋە يەر جاينىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن ھېسابلاشماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. گومىنداڭنىڭ 300 مىڭ ھەربىي كۈچى خورىتىلغاندىن كېيىن بىر نەچچە شەھەر ۋە جايلار ئۆزلۈكىدىن تاشلاپ بېرىلدى.

1940 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى خۇابېي (شىمالىي جۇڭگو) ئازات رايونىنىڭ ئاساسىي شەھىرى جاڭجياكۇنى ئىشغال قىلدى. ئەتىسى، گومىنداڭ داخىلىي «(قۇرچاق مىللىي قۇرۇلتاي)» چاقىرىش ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. بۇ 1945 - يىل 1 - ئايدا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى نامىدا چاقىرىلىپ، ھەر قايسى پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن جەمئىيەت مۇتىۋەرلىرى قاتناشقان سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئاساسىي روھى ۋە پىرىنسىپلىرىغا خىلاپ ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ پارتىيىمىز بىلەن ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار رەت قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى-نىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئەخمەتجان (مۇئاۋىن رەئىس)، گېنېرال ئىسھاق بەگ (مىللىي ئارمىيە قوماندانى)، ئاباسوپ (مۇئاۋىن باش كاتىپ)، گېنېرال دەلىلقان (مۇئاۋىن قوماندان) لار تەكلىپنامىنى ئېلىپ،

گومىنداڭنىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، بۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ماقۇل بولدى،
بۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى تېچلىق بىتىمىگە ئاساسەن بىرلىشىش ئەمەلگە قويۇلغانلىقتىن،
شۇ قانۇنىي ئورۇنلاردىن پايدىلىنىپ كۈرەشنى داۋام قىلدۇرۇش ئىدى. نەتىجىدە
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇ يەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭمۇ
ۋەكىللەر ئۆمىكى بولغانلىقتىن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پارتىيە بىلەن مۇناسى
ۋەت باغلاش ئۈچۈن ئىدى. بۇلار يولغا چىقىش ۋاقتىدا، بىز بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ
«شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نامىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يېزىلغان
خەتنىمۇ ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

1947-يىل 1-ئايدا، يولداش ئابباسوپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، پارتىيـ
ىمىز تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن يولداش پېڭ گو ئەن (ئوزگەرتكەن ئىسمى ۋاڭ نەندى)
مۇ شۇ ئايروپىلاندا (ئابباسوپنىڭ رەپىقىسىنىڭ تۇغقىنى دېگەن سالاھىيەت
بىلەن) بىللە كەلگەن ئىدى. ئۇ كىچىك تىپتىكى ئالاقىلىشىش ئاپپاراتى ئالغاچ
كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى يەنئەن بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ئىدى،
بۇلار يەنە پارتىيىنىڭ 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى،
ماۋجۇشى ۋە يولداش ليۇشاۋچى ئەسەرلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان بىرمۇنچە كىتابلارنى
ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئابباسوپ قايتىپ كېلىپ بىزگە ئەھۋاللارنى قىسقىچە يەتكۈزدى.
ئۇنىڭ ئارقىدىنلا، ئۈچ ۋىلايەت ۋە بىزتەرەپنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن
چاقىرىلدى. يىغىنغا ئابباسوپتىن باشقا يەنە سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوپ،
سەيپۇللايوپ، ئىمىنوپ، ئەنۋەرخان بابا (بۇلار 3 ۋىلايەت تەرەپتىن)، لى تەييۈي،
چېن شىخۇا، لوجىۇ (بۇلار شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىدىن) بولوپ، جەمئى
ونەپەر كىشى قاتناشتى. يىغىنغا ئاباسوپ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ، ئىنتايىن
خۇشال ھاياجانلانغان ھالدا، يەنئەندىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلى يەتكۈزدى. يەنئەندە
تۇرغان مەزگىللىرىدە، نامدا قورچاق قۇرۇلتايغا قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمەلدە
يىغىنغا ئانچە كوپ قاتناشمىغان، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۇرغان
جايى مېيۈەن يېڭى مەھەللىسىگە ئىككى قېتىم بارغاندىن باشقا، قالغان ۋاقىتلىرىنىڭ
ھەممىسىنى دېگىدەك ۋەتىنىمىزنىڭ مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقە ۋە قەدىمىي يادىكارلىق-
لىرىنى سەيلە قىلىش بىلەن ئوتكۈزگەن. خاڭجۇغا بېرىپ شىخۇ كولى، موگەنسەن، لىن
يىڭسى قاتارلىقلارنى سەيلە قىلغان. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بار جايدا
يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ
قوزغىلىشى ۋە ئاساسىي ئەھۋالى، تېچلىق بىتىمىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە گومىنداڭ بىلەن
قۇرۇلغان بىرلەشمە ئولكىلىك ھۆكۈمەت توغرىسىدا سوزلەشكەن. شۇنىڭدەك پارتىيە

مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ھەمدە بىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا ئەۋەتكەن خېتىمىزنىمۇ تاپشۇرغان. يولداش دوڭ بىۋۇ بىزنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ يولىيورۇق سورايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يەنئەنگە مەخسۇس بارىدىغانلىقىنى ۋە جاۋاپ بېرىش ۋاقتىنىمۇ بەلگىلەپ بەرگەن. بىز خەتنىڭ جاۋابىنى ئەنجەڭگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابباسوپ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەنە باشقا يولىيورۇقىنى يەتكۈزگەن، بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشىغا چوڭقۇر غەمخورلۇق قىلىشتىن سىرت، يەنە مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغان. ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن تولۇق غەلىبە قىلىدۇ، دېگەن ئىشەنچ بىلەن باھا بەرگەن؛ شىنجاڭ خىزمىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئاساسەن مۇنداق كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن: 1) شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىم ئىمزالىنىپ، تىنچلىق ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىمزا قويغان كېلىشىمىگە ئەمەل قىلماي، قاچان بولمىسۇن ئۇنى بۇزۇپ تاشلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قايتارما زەربە بېرىشكە تەييار تۇرۇش كېرەك؛ 2) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تايانچ بازىلىرىنى زور كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەش كېرەك، ئىنقىلاپتا تايانچ بازا بولمىسا بولمايدۇ. بازا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىشكە توغرى كېلىدۇ؛ 3) گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە قارىتا، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە پارچىلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئازات رايونلاردىكى سوقۇش فرونتلىرىدا ئىنتايىن ئۈنۈم بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ بولسا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئۇ يەرلىك مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان، دىنىي ئېتىقادى چوڭقۇر، ئۇ يەردە ئالدىراپ كوممۇنىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا بولمايدۇ (بۇ يەردە ئاساسەن بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنىڭ ئىسمى كۆزدە تۇتۇلغان). ھازىرقى باسقۇچتا ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرىمۇ دېموكراتىك ئىنقىلاپ، دەپ كۆرسەتمە بەرگەن. ئابباسوپ يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن تەجرىبىلىك كادىر ئەۋەتىشكە قوشۇلغانلىقى، ئالدى بىلەن يولداش پېڭ گۇۋەننى رادىوگىرامما ئارقىلىق ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە سۆز قىلدى.

يىغىندا ئابباسوپنىڭ تەكلىۋى بويىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ يولىيورۇقلىرىنى

ئەزچىلالاشتۇرۇش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى ئىلغار كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تايانچ بازىسىنى يادرو قىلىپ، دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ھەركەتنى يۇقۇرى پەللىگە كۆتىرىش ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەن بىر تەشكىلات قۇرۇش ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يىغىن ئىشتىراكچىلىرى شىنجاڭ خەلقچىل ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى (قىسقارتىلغان ئىسمى "خ. ئى. پ") نى تەسىس قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى. بۇ پارتىيە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىنىمۇم پروگراممىسى — يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاپ پروگراممىسىنى ئۆزىنىڭ پروگراممىسى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. يىغىندا يولداش ئابباسوف "خ. ئى. پ" نىڭ رەئىسلىكىگە، لى تەيىزۇي، ئەسقەت ئىسھاقبېكلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، سەيپىدىن ئەزىزى، سەيپۇللايېۋ، ئابدۇللا زاكىروپ، ئەنۋەرخان بابا، چىن شىخۇا، لوجىز، يۈي جەنىن، يۈي جياڭجىز قاتارلىقلار ھەيئەتلىككە سايلاندى. رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى "خ. ئى. پ" نىڭ ئەزالىقىغا ئۆزگەرتىش، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تايانچ ئاكتىپلىرىنى ئاساس قىلىپ، تەشكىلىنى راۋاجلاندۇرۇش، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدا تۇرىۋاتقان 7 ۋىلايەتتىكى ئىلغارلارنى جەلپ قىلىپ، جايلاردا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە قانۇنىي كۈرەش شەكىللىرى ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى قانات يايدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوراللىق كۈرەشكىمۇ ھازىرلىق كۆرۈش قارار قىلىندى.

## 3. قارا تۈتەك قاپلىغان كۈنلەردە

ئىش كۈتكەن يەردىن چىقتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزى ئىمزالىغان تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلدى، بىتىمنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشتىن سۆز ئېچىش ئۇ يالا مۇمكىن بولماي قالدى. ماۋجۇشى يابون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىنلا: "جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىۋاتىدۇ"، "جياڭ جيېشىنىڭ خەلققە نىسبەتەن فاڭجېنى — قىلچە ھوقۇقىمۇ تارتىۋېلىش، قىلچە مەنپەئەتنىمۇ تارتىۋېلىش" ④ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ بۇنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەملىكەت مىقياسىدىن ئالغاندا شۇنداق ئىدى، شىنجاڭدىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇ،

ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، بىرىنچى يىل ئۆتۈپ، 1947 - يىلىنىڭ باشلىرى-
دىلا ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ بىرىنچىسىنى دېڭىزدەك چېكىنىم تارتتى، قورچاق خەلق
قۇرۇلتىيىمۇ ئۇنى سىياسىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى، ئەكسىچە،
ئۇنى يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇڭلاشقىمۇ جىيالىك جىيشى بۇنىڭدىن ساۋاق ئالمىدى،
تىنىك يارلىغىغا كېلىپ قېلىپمۇ، ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئەسەبىي-
لىشىپ كەتتى. ئازات رايونلارغا بولغان ھۇجۇمىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭ تىرىچ
ئايروپىلانلىرى شىنجاڭدىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 7 -
ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تىنچلىق بىتىم بويىچە سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى. گومىنداڭچىلار بۇنى ئۆز تەرىپىدە قۇرۇق
قەغەز، رەسمىيەتچىلىك، شەكىلۋازلىق دەپ قاراپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا
قىلچىمۇ ئويلاپ قويمىدى. ئەمما ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بولسا، تىنچلىق بىتىمىنى
ئەستايىدىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى، ئالدى بىلەن تىنچلىق بىتىمىدا «شىنجاڭ
خەلقىگە ئۆزى ئىشەنگەن يەرلىك زاتلاردىن مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلاش ھوقۇقى
بېرىلسۇن، بۇ كېلىشىم ئىمزالىنىپ 3 ئاي ئىچىدە ئىجرا قىلىنسۇن، ناھىيىلەردە
كېڭەش ھەيئىتىنى خەلق بىۋاسىتە سايلاپ چىقسۇن، كېڭەش ھەيئەتلىرى ھاكىملارنى سايلاپ
چىقسۇن. ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى مەمۇرىي تەيىنلىش ۋالىيلىرى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن
كۆرسىتىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللانسۇن» ⑤ دەپ
بەلگىلەنگەن ئىدى. ھالبۇكى بۇ ماددىلار گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھاكىم مۇتلەق
ھوقۇقلىرىغا تۈپتىن زىت كېلەتتى. شۇڭا، تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن سايلام
ئۆتكۈزۈلگەندە، گومىنداڭنىڭ شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي، ساقچىلىرى ئاشكارا
ئوتتۇرىغا چىقىپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى بېسىپ، سايلامنى
قورۇق شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويدى ۋە بۇ مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن جايلاردا خەلق
تەرىپىدىن سايلانغان ھاكىملارغا ھەر خىل بەتناملارنى چاپلاپ قولغا ئالدى ياكى
چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. خوتەن، پوسكام، مارالبېشى، يەركەن قاتارلىق نۇرغۇن
ناھىيىلەردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار تىزىلدى. كۇچاردا سايلام ئۆتكۈزۈلۋاتقان چوڭ
يىغىندىكى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، سايلامغا قاتناشقان خەلقلەردىن بىر مۇنچە كىشىگە
ئوق ئېچىپ ئۆلتۈردى. مەمۇرىي تەيىنلەش ۋالىيلىرىنى بەلگىلەشتىمۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە
خىلاپلىق قىلدى، يەرلىك خەلق قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنى
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلەرگە مەمۇرىي تەيىنلىش ۋالىي قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ
بىلەن تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى چۆرىدىگەن
ھالدا، بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئابباسوپ بۇ كۈرەشتە ئۆزىنىڭ

زىرەك، چاققان، ۋە تەمكىنلىكتەك خىسلەتلىرىنى نامايان قىلىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇردى. گومىنداڭچىلار بىتىمنى بۇزۇشقا ھېچ قانداق باھانە - سەۋەپ تاپالماي قالدى. گومىنداڭچىلارنىڭ قىلغان بۇ تەتۈر ئىشلىرى يەرلىك ئاممىنىڭ ئىنتايىن زور غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. گومىنداڭنىڭ بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى ھەربى - مەمۇرى كاتتىۋاشلىرى خەلقنىڭ بۇ سايلامغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش بىلەن بىللە يەنە ئاستىرتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ئاسىيلىق قىلغان باندىت ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈردى، ئۇنىڭ ئالتايدا ئىسيان كۆتىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئارقا سەپ تايانچ بازىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا مىلتىق - قورال، ئوق - ياراق ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ ياردەم بەردى؛ بۇ پاجىئەلىك كومېدىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غەزەپكە كەلگەن خەلق تاقەت قىلالماي، فېۋرال كىرىشى بىلەن ئۈرۈمچى شەھرىدە، گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، خەلقنى دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن قانۇنسىز ھالدا مەھرۇم قالدۇرۇپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئامما توپلىشىپ نامايىش قىلىش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىشكە باشلىدى. 21 - فېۋرال كۈنى، كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلغانلار 5 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار شوئار تۈۋلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ تەلەپ قويدى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىنىشىنى، گۇناسىز كىشىلەرنى قولغا ئالماسلىقنى، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئورۇن ئىگىلىۋالغان خەلققە قارشى ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن قالدۇرۇپ يوتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. خەلق بىلەن قەتئى دۈشمەنلىشىدىغان گومىنداڭ دائىرىلىرى، ئاممىنىڭ دات - پەريادىغا قۇلاق سېلىپ، مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىش بۇيانقا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئاممىنى قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇشقا تەييارلاندى. "نامايىشقا نامايىش بىلەن قارشى تۇرماقچى" بولدى، شۇنىڭ بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئاندىن ئاشكارا قورال ئىشلەتمەكچى بولدى. 24 - فېۋرال كۈنى، ئادەتتىكى خىزو پۇقرالارچە ياسىنىۋالغان 5 - ئاتلىق كورپۇسنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، بىر بۆلۈم خىزو ۋە قازاقلارنى قۇترىتىپ، نامايىش قىلدۇردى، ئۇلار "گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلايلى! ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىلاھىدە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرايلى!" دېگەندەك ئوخشاش شوئارلارنى تۈۋلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە بېسىم ئىشلەتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا 25 - كۈنى، خەنزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى نامىدا، پۇقراچە ياسىنىۋالغان ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك نامايىش قوشۇنى تەشكىللەندى. بۇلار زور "ھەيۋە" بىلەن كوچىلارغا چىقىپ، ھەربى سىستېمىدىكى ئىشپىيونلارنىڭ قوماندىسى ئاستىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئۆزى چىقىپ

بىزنى قوبۇل قىلىڭلار، دېگەن ئىغۋاگەرچىلىك خاراكتېرىدىكى شوئارلارنى توۋلىدى، بۇلارنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا، ئامما ئىشچىلار سېپى قالايمىقانلىشىپ، خۇددى ئۆۋۈسى بۇزۇلغان ھەرىدەك، رەئىس ئىشخانىسىغا ئېتىلىشتى، بۇ چاغدا، ئەخمەتجان بەنخۋايۈەندىكى ياتىقىدا بولۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە يوق ئىدى، رەئىس بۇرھان شەھىدى، ئابباسوپلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئۇلار بۇلارنى ئورىۋېلىپ، پاتىپاراقچىلىق بولۇپ، غەۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. نەسىھەت ۋە چۈشەندۈرۈشلەرمۇ كار قىلمىدى. ئابباسوپ ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ھەيئەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكى ۋە بىرەر چاتاق چىقىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئەخمەتجاننى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، غەۋغا تۇغدۇرغان ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى، ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاشتى، ئاندىن بۇرھان شەھىدى (مۇئاۋىن رەئىس)، سەيپىدىن ئەزىزى (مائارىپ نازىرى) قاتارلىق كىشىلەرمۇ غەۋغاچىلار تەرىپىدىن ئورىۋېلىنىدى، غەۋغاچىلار ئۇلارنى ئەخمەتجانغا تېلېفون بېرىشكە مەجبۇرلىدى. ھەدەپ ئاغزىغا كەلگەنچە تىللاپ، ۋاقىراپ-جاقىراپ، بۇلارنى تىقما قىچىلىققا قىستاپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەخمەتجان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دەرھال يېتىپ كەلدى. ماشىنىدىن چۈشۈشى بىلەنلا ئورىۋېلىنىپ، ئۇرغۇن يولسىز تەلەپلەرنى قويۇپ، تېزدىن جاۋاپ بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئاخىرى قانلىق ۋەقەگە ئايلىنىپ، 10 دىن ئارتۇق كىشى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. بۇ، داڭلىق "25 - فېۋرال ۋەقەسى" ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە، گومىنداڭ باش ھەربىي ئىشتابى پۈتۈن شەھەر بويىچە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى، شۇنىڭدەك قورال - ياراق ئاختۇرۇشنى باھانە قىلىپ، "گۇمانلىق ئۇيغۇر"لارنىڭ ئۆي بىساتلىرىنى تەكشۈرۈپ، كىشىلەرنى خالىغانچە تۇتۇپ قالدى ۋە قولغا ئالدى. گومىنداڭچىلار ھەقىقەتەنمۇ بەك غالجىرلىشىپ كەتكەن ئىدى.

... پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىنىدىكى، "25-فېۋرال ۋەقەسى" — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا قوزغىغان، تىنچلىق بىتىمىنى بۇزىدىغان، خەلققە قارشى قانلىق ۋەقە ئىدى. ئۇ، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تىنچ ۋەزىيەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىتچىت بولىدىغانلىقى ۋە ئۇرۇشنىڭ قايتا كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ ھىلە-نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئالدانغان خەنزۇلار ئاممىسىنى مىللىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۇلارغا گومىنداڭنىڭ

ئىجرا قىلىپ كەلگەن مىللىي زىددىيەت تۇغدۇرۇش، مىللىي قىرغىنچىلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىشتەك ئومۇمسىز قىلمىشلىرىنى توغرىتىپ، ئۇلارنى گومىنداڭنىڭ ئادام خالتىسىغا قايتا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يولداش ئاببا سوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە «خەنزۇ قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» نى يېزىپ چىقىپ، تەشۋىقات ۋارىقى باستۇرۇپ تارقاتتۇق. تەشۋىق ۋارىقىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى خەۋەرسىز خەنزۇلارنى قۇتۇرتىپ، مىللىي قىرغىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قايتىدىن ئۇرۇش دېڭىزىغا ئىتتىرەكچى بولغان ھىيلە - نەيرەڭلىرى ئېچىپ تاشلانغان ئىدى. شۇنىڭدەك خەنزۇ قېرىنداشلار كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئۇرۇشخۇمار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇپ، ئۇلارغا قولچوماق بولۇپ، بىھۇدە قۇربان بەرمەسلىككە چاقىرىلدى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، تىنچلىق بىتىمىنى ۋە سىياسىي پروگراممىنى ھىمايە قىلىش، گومىنداڭنىڭ ئادام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىككە چاقىرىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمىز «پۈتۈن شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» يېزىپ تارقىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەقەنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش بىلەن، گومىنداڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ قانلىق ۋەقەگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى؛ 3 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋجۇشى ئۆزلىكىدىن يەنئەندىن چېكىنىپ چىقتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئۇلار ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلىدى، ئۆزلىرىچە، جۇڭگو كومپارتىيەسىنى يوقىتىپ چوڭ تۆھپە يارىتىدىغان پۇرسەت كەلدى، دەپ بىلىپ، شىنجاڭدا، بىرلا ۋاقىتتا ئېچىدە قىلمىشلىرىنى ئوينىتىشقا باشلىدى، ھەربىي، ساقچى ۋە ئىشپىيونلار كېچە - كېچىلەپ مەجلىس ئېچىپ، قانلىق چوڭ قىرغىنچىلىقنى يوشۇرۇن پىلانلىدى، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئاق تېرورلۇق ئېچىدە قالدى، بۇ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، خ: ئى. پ زورۇر تېپىلغاندا، بىر بولۇم ئاشكارىلانغان يولداشلارنى ئۈچ ۋىلايەتكە چېكىندۈرۈشكە تەييارلاندى، بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ چېكىنىشكە تەييارلانماقتا ئىدى، 3 - ئاينىڭ ئاياغلىرىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن، پىلىڭ كونشىن، چىن شىخۇا، قىيىن يىڭجۈڭ قاتارلىقلار ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتكە چېكىنىشكە قارار قىلىندى، 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يولغا چىقتۇق، ئاببا سوپ بىزنىڭ بىخەتەر ئىلگىرىلىشىمىزنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يول بويى ئالدى بىلەن پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، غۇلجىدىن كېلىپ ئۈرۈمچىدە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشەنچى-

لىك بىر سودىگەر خوجايىنىغا ھاۋالە قىلىپ، شۇنىڭ ھىمايىسى بىلەن غۇلجىغا يېتىپ باردۇق. يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، كىچىك ماشىنا بىلەن بىز ماشىنىغا چىقىدىغان يەرگە يېقىن جايغا كېلىپ، ئەتراپنى كۆزىتىپ، خەتەرلىك ئەھۋال چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئاندىن بىزنى ماشىنىغا چىقىرىپ ئۇزۇتۇپ قويدى. مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يولداشلارغا نەقەدەر كۆيۈنىدىغانلىقىنى ۋە ئېھتىيات بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز غۇلجىغا سالامەت يېتىپ بارغاندا، سەيپۇللايېۋ (ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى) بىلەن ئەسئەت ئىسھاقوپ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، بۇرۇنقى چىقارغان بەلگىلىمە بويىچە، خەنزۇچە چىقىدىغان «خەلقچى» گېزىتى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، خ. ئى. پ. نىڭ ئورگان گېزىتى قىلىندى، مەن ئۇنىڭغا باش مۇھەررىر بولدۇم، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېكىن ئاببابسوپ يەنە خاتىرجەم بولالماي، بىز مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا كەلدى، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋاللىرىمىزنى سۈرۈشتۈرۈپ، بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىز ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدا قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ، جەمئىيەت تەرتىۋىمۇ ئىنتايىن تۇراقسىز ئىدى. گومىنداڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا زوراۋانلىق قىلىپ، باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقتىن ۋىلايەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلارغا قارشى كەيپىياتى ئۆزلۈكسىز ئۆسمەكتە ئىدى، بۇ ھال، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. ئاببابسوپ بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك يوللار بىلەن ياشلار تەشكىلاتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان ئىلغارلارغا تايىنىپ، ئاممىا ئىچىدە، تەربىيە بېرىپ قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەپ، ئەتراپىمىزدىكى ئاممىنىڭ بىزگە بولغان گۇمان ـ ئەندىشىلىرىنى، كەمسىتىپ قاراشلىرىنى ۋە ھەتتا ئۆچمەنلىكلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزگە قارىتا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەيتتى، بولۇپمۇ ماڭا يولداش لىن جىلۇنى ئۈلگە قىلىپ، ساداقەت ۋە سەمىمىيەتلىك بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەت بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئىچىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى. شۇنىڭدەك بىزنىڭ بىر – بىرىمىزنى چۈشىنىپ، ئۆز ـ ئارا كېلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشىمىز ئۈچۈن، ھەر خىل سورۇن ۋە يىغىنلارغا بىزنى تەكلىپ قىلىپ، بىزنىڭ ھەر ساھەنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىمىز ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىزغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرەتتى، خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش

جەمئىيىتىمىز بىزگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېتىۋار بېرەتتى، شۇنىڭدەك مەن بىلەن چىن شىخۇا ئىككىمىزنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇشىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىمۇ غۇلجىغا ئالدۇرۇپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بىز غۇلجىدا تۇرغان 3 يىل ئىچىدە، بىزنىڭ تۇرار جاي ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەتتا ئۇششاق - چۈشەك ئىشلاردىن تارتىپ، ئابباسوپ ھەل قىلىپ بېرىپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈن بۇلارنى ئەسلىگەندە ھاياجانلانماي تۇرالمايمىز. يولداش ئابباسوپ ھەر يىلى ھېيت - ئايەم كۈنلىرى كەلگەندە، ئۆز رەپىقىسى بىلەن بىزنى يوقلاپ كېلىپ ھال - ئەھۋال سورايتتى، شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ يولداشلارغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە ئىنقىلاۋىي دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلاتتى.

شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئابباسوپنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، باغ سەيلىسى قىلىپ پارتىيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدۇق، پېڭ گوۋېندىن باشقىلىرىمىز پارتىيىلىك بولمىساقمۇ، لېكىن ھەممىمىزنىڭ پارتىيىگە قىزغىن مۇھەببىتىمىز بار ئىدى، بۇ سەيلىدە، ئۆزىمىزنىڭ پارتىيىگە بولغان تونۇشىمىز ۋە ئىنقىلاۋىي غايىمىز توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، شەرەپلىك كوممۇنىستلاردىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىمىزنى بىلدۈرۈشكەن بولدۇق. ئابباسوپ بۇ چاغدا، ئۈرۈمچىگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ، نەنجىڭدە، كېلىشىپ قويغان ۋاقىت بويىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئەۋەتمەكچى بولغان كادىرنى كۈتۈۋالماقچى ئىدى، ۋەزىيەتنىڭ تېز ئۆزگەرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركىزىي كومىتېت بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشالماي قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەن.

«25 - فېۋرال» ۋەقەسىدىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى، گومىنداڭ دائىرىلىرى مۇستەبىتلىك ۋە ئىچكى ئۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن خالىغانچە ۋەقە تۇغدۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپلىمە ھەرىكەتلەندى، تىنچلىق بىتىمىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويدى. خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قىلچە كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە دەپسەندە قىلدى، ھەر تەرەپلىمە زىددىيەتلەرنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ يېڭى ئىنقىلابنىڭ بورىنى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، گومىنداڭ بىر تەرەپكە ۋەكىل بولۇپ، تىنچلىق بىتىمىگە قول قويغان غەربىي - شىمال مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى ۋە بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا، قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، پانتۈركىست مەسئۇدنى رەئىسلىككە چىقىرىپ قويدى. بۇيرۇق ئېلان قىلىنىش بىلەنلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە كۈندە دېگۈدەك خەلق نامايىشلىرى بولۇپ، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىنقىلاۋي ھەرىكەتنى باس-تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاردىن بېقىپ سەمرىتكەن بۇ ئىتنى قويۇپ بەرگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ نارازىلىقىغا پەرۋا قىلماسلىقى تەبىي ئىدى. مەسئۇد تەختكە چىقىش بىلەنلا، ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، زور كۆلەمدە تۇتقۇن يۈرگۈزۈپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ھەر مىللەتنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرىدىن نۇرغۇن كىشىنى تۈرمىگە تاشلىدى، بىر مۇنچىلىرى 3 ۋىلايەتكە چېكىنىپ كەتتى. بىزنىڭ ئۈرۈمچىدە يەر ئاستى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىشقا قالدۇرۇپ قويغان يولداشلىرىمىزدىن يۈي جياڭجىڭ، يۈيجەن-لىن قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك يولداش چېن باۋشەن، شېن يۈيجىڭلەر مۇشۇ ۋاقىتتا قولغا ئېلىنىپ كەتتى، شېن يۈيجىڭ بولسا تۈرمىدە ئۆلدى. ئۈرۈمچىدە ئاشكارىلىنىپ قالغان خې رۇي، چېن جۇلجىڭ، يۈي چۇنشېڭ بۇ ئۈچ يولداش لوجىڭنىڭ ياردىمى بىلەن 3 ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتتى. مەسئۇد گومىنداڭ ھەربىي كاتىۋاشلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن يەنە 7 - ئاينىڭ بېشىدا، تۇرپان، توقسۇن، پىچان — بۇ 3 ناھىيىدە قوزغالغان قوراللىق قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇردى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 3000 دىن ئارتۇق دېھقان ئۆلتۈرۈلگەن، قۇتۇلۇپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەر گومىنداڭنىڭ قاتمۇ-قات قورشاۋىنى بۆسۈپ، ئابدۇراخمان مۇھەممەتنىڭ باشچىلىقىدا، تىيانشان ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتۈپ كەتتى.

### 4 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۈچ ۋىلايەت تايانچ بازىلىرىنى مۇستەھكەملەش

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ 3 ۋىلايەتنى قاپ قىلىپلا يوقىتىۋەتمەكچى بولغان ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئازاتلىق ئارمىيىلىرىمىز 7 - ئايدىن باشلاپ، دۈشمەننىڭ چوڭ ئارقا سېپىگە شىددەتلىك يۈرۈش قىلماقتا ئىدى: شەنشى، خېبېي، شەندۇڭ، خېنەن دالا ئارمىيىسى ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دابيېشەن رايونىغا كىرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭ ئازات رايونىنى ئاچتى، يەنە بىر قىسمى خېنەننىڭ غەربىدىن كىرىپ، غەربىي خېنەن ۋە جەنۇبىي شەنشىنىڭ كەڭ رايونلىرىنى ئازات قىلدى؛ شەرقىي جۇڭگو دالا ئارمىيىسى قوشۇن باشلاپ، جەنۇبقا مېڭىپ، خېنەن - ئەنخۇي - جياڭسۇ ئازات رايونىنى ئەسلىگە كەل-تۈردى ۋە كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئۇۋىسى بولغان نەنجىڭگە بىۋاستە تەھدىت كۆرسەتتى. شۇڭا، ئۇلار (گومىنداڭ) شىنجاڭدا، 3 ۋىلايەتنى ئىچىدىن قوز-غىلاڭ چىقىرىشقا ئۈندەشنى ئاساس قىلغان تاكتىكىنى قوللىنىپ، ئوسماننى ئوچۇق-

ئاشكارا قوللاپ، ئۇنىڭ ھەربى كۈچىنى كۈچەيتىشى ۋە تولۇقلىشىغا ياردەم بەردى، ئۇنىڭ قورال - ئەسلىھەلىرىنى كۈچەيتتى، ئۇلارغا ئاش ۋە پۇل ياردەم بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا 3 ۋىلايەتنىڭ ئارقا سېپىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى تارتىۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە سىياۋەن ھاكىمى قالىبەك، ساقچى باشلىقى تەكمەنلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئىسيان قوزغاپ ئوسمانغا ماسلىشىپ، 3 ۋىلايەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا قۇتراتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرماقچى بولدى. لېكىن خەلق دۈشمىنى بولغان ئەكسىيەتچىلەر بىر مەھەل غەلىبە قىلغاندەك بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە ھامان مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولدى، ئوسمان بىر مەھەل ئالتاينىڭ مەركىزى ۋە زور بىر قىسىم ناھىيىلىرىنى ئېلىۋېلىپ، غەرپتە تارباغاتاينى ئىشغال قىلىۋېلىشقا تەييارلانغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ھەربى ھۇجۇم قىلىپ قورشاپ يوقىتىش بىلەن ماسلاشقاندىقتىن، شۇ يىلىلا تارمار كەلتۈرۈلدى، ئوسمان بىلەن قالىبەكلەر گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا قېچىپ كەتتى.

تېچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بىر قاتار ۋەقەلەر ۋە ئىچكى قىسىمدا كۆتۈرۈلگەن ئىسيانلار سەلبىي جەھەتتىن شۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىكى، شىنجاڭدا خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئارمىيىلىرى يۈرۈش قىلىپ ماناس دەرياسى ياقىسىغا كېلىپ قالغاندا، بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىشقا تەمشەلگەن ئىدى. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە نېمە ئۈچۈن مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پاسسىپلىقتا تۇرغان ھالىتىنى بەيدىن - پەي ئاكتىپ ھالەتكە ئۆزگەرتەلىدى ۋە ۋەزىيەتنى ئۆكشىيالىدى؟ ھەتتا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ۋەقە تۇغدۇرۇپ، مىللى توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئىسيان كۆتىرىشكە قۇترىتالىدى؟ شۇنىڭدەك 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تايانچ بازىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ تەھدىت سالالىدى؟ مەسىلىنىڭ تۈركۈنى نەدە؟ بۇ ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. روشەنكى، گومىنداڭ مىللى مەسىلە جەھەتتە قۇتۇر چىقاردى. "25 - فېۋرال" ۋەقەسى، ئوسماننىڭ توپىلىڭى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مىللى مەسىلىدىن يوچۇق تاپقانلىقى ئەمەسمىدى؟ دەرۋەقە، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مىللى مەسىلىنى چاپسانلىق بىلەن توغرا ھەل قىلالمىدى، بۇ ھال گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت بولۇپ بەردى. بۇ يەردە ھەم كۆپ سانلىق تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، ھەم ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى بار ئىدى.

بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىقى، ئەينى زاماندا ھۆكۈمران مىللەت بولغان خەنزۇ خەلقىدە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىسى تۇراتتى. بۇ، ئابباسوپ ئالىمقاچان سەزگەن ۋە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە ئىدى. ئۇ، 1949 - يىل 5 - ئايدا، غۇلجا ئاكتىپلار يىغىنىدا قىلغان دوكلادىدا ئوچۇق - ئاشكارا مۇنداق كۆرسەتكەن: «بىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشىمىزدا، ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنى نەزەرگە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدۇق، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەرنى پەرق ئېتىپ ئالالمىدۇق، شۇڭا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن پۈتكۈل خەنزۇلارنى بىر دەپ قارايدىغان بىر تۈرلۈك خاتالىق كېلىپ چىقتى.» ⑦

1947 - يىل 4 - ئايدا، «خەلقچى» گېزىتىنى ئۆتكۈزۈپ ئالىدىغان چاغدا، ئابباسوپ ماركسىزم - لېنىنىزىملىق مىللەت قاراشنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ئىدى. بىز ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىنكى «خەلقچى» گېزىتىدە ھەممىدىن ئاۋۋال خەنزۇ قېرىنداشلار نامىدىن «ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلدۇق، ئارقىدىنلا يەنە «25 - فېۋرال» ۋەقەسى ھەققىدە تەشۋىقات ۋارىقىنى باستۇق. ئاۋۋالقىسىدا، مۇھىم مىللىي مەسىلىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى يورۇتۇپ بېرىلگەن، ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «مىللىي ئېزىلىش — مىللىي شەكىل ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان سىنىپىي ئېزىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چوڭ خەنزۇچىلىقتىن ئىبارەت مىللىي ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگۈچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەنزۇلار ئىچىدىكى جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى گۇرۇھلار بولۇپ، كەڭ ئېزىلگۈچى خەنزۇ خەلقى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ - قارشى كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئەزگەن جىنايەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپلا قالماي، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا خەنزۇ خەلقىمۇ قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، مۇتلەق كۆپچىلىك خەنزۇلار ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى ئىچچىل ۋە پائال قوللايدۇ، شۇڭا، بىز قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئورتاق قارشى تۇرايلى!

بۇ مۇراجىئەت مىللىي تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئامىنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى بولدى. «خەلقچى» گېزىتى ئۆزىنىڭ مۇھىم سەھىپىلىرىدە، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا ئەۋج ئېلىۋاتقان

ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى، ئىچكى ئۇرۇشقا، زۇلۇمغا قارشى بولىۋاتقان نامايىشلار ۋە ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شەپقەتسىز باستۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى بېسىپ تارقاتتى. بۇ، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈرەشلىرىنى باستۇرۇش بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى.

مەسئۇد تەختكە چىققاندىن كېيىن يۈرگۈزگەن ئاق تېررورلۇق، تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭلاردىكى چوڭ قىرغىنچىلىق، ئوسمان، قالىبەكلەرنىڭ ئىسيانى ۋە ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش، ئوت قويۇش ۋە تالان - تاراجلىرى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دوست بىلەن ئۆزىنى مىللەت بىلەن ئايرىشنىڭ ئىنتايىن خاتا ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەردى.

شۇڭا، ئاببasوپ گېزىتلاردا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى، شۇنىڭدەك پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئازات رايونلاردىكى ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كۆپرەك بېسىپ، شۇ ئارقىلىق ئازسانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئىچىدىكى خەنزۇلارنى «كاپىر» دەپ بىر تاياقتا ھەيدايدىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى ئۆزگەرتىشكە كۆڭۈل بولدى. بۇ ھەقتە بىزگە ياردەملىشىپ ئازات رايونلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئالالايدىغان رادىيو ئاپپاراتلىرىدىن بىر نەچچە خىلىنى تېگىشتۇرۇپ بەردى. ئارىلىق بەك يىراق بولغانلىقتىن، شۇنىڭدەك ئازات رايونلاردىكى رادىيو ئاپپاراتلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھامان خەۋەرلەرنى ياخشى ئالالمىدۇق. كېيىن يولداش پېڭ گۇيېن ئەكەلگەن ھېلىقى ئالاقىلاشقۇچ ئاپپاراتىنى خەۋەر ئالىدىغان ۋە خەۋەر بېرىدىغان ئاپپارات قىلىپ ئۆزگەرتكەن ئىدۇق (چۈنكى ئۇ ئاپپاراتنىڭ كۈچى بەك ئاجىز بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىشقا يارىمىغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن سىناق تەرىقىسىدە خەۋەر ئالىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكەن). شۇنىڭ بىلەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىن بېرىدىغان خەۋەرلەرنى ئالالايدىغان بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى خەۋەرلەرنى ئالىدىغان مەنبەگە ئېرىشتۇق. شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىدىغان رېئال ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق. بىرىنچى قېتىم ئالغان ئاخبارات ئازاتلىق ئۇرۇش ئىستىراتېگىيىسى جەھەتتە، مۇداپىئەدىن قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ليۇبوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭلارنىڭ چوڭ قوشۇنى دابيېشەن رايونىغا يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئىدى، بۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ يىراق غەربىي شىمال چېگرىسىدا تۇرۇپ دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى تايانچ بازىدا كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن زور خۇشخەۋەر ئىدى، ئاببasوپ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگراف خەۋەرلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى،

ھەربىر خەۋەرنى دېگۈدەك شىنجاڭنىڭ كۆزىدىن كەچۈرەتتى، ئۇ بۇ خەۋەرلەرنى ھەر مىللەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئېلان قىلدۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەرمىللەت خەلقىگە؛ ئوخشاش بىر خەنزۇ مىللىتى ئىچىدىمۇ ھەرمىللەت خەلقىنى شەپقەتسىز تۈردە ئېزىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ، شۇنىڭدەك خەلقنى ئازاپ - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇپ قالىدىـغان جۇڭگو كومپارتىيىسىمۇ بارلىقىنى ۋە بۇ پارتىيىنىڭ جۇڭگو ئازاتلىق ئارمىيىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئازاتلىققا چىقىرىدىغان ئىنقىـلاۋىي ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تونۇتتى. يولداش ئابباسوپ ئازاتلىق ئۇرۇش ۋە پارتىيىنىڭ ۋاكىلى، سىياسەتلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش مەقسىدىدە، داۋاملىق رەۋىشتە تۈرلۈك ئاممىۋى خاراكتېرلىك يىغىنلارنى چاقىرىپ، بۇ ھەقتە ئۆزى نۇتۇق سۆزلەيتتى، شۇنىڭدەك مىللى ئارمىيە ئورۇنلاشقان جايلارغا بېرىپ، ئەپسەر ۋە جەڭچىلەرگە دوكلات بېرەتتى، ئۇ ئۆز سۆزىدە پەقەت جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ئۇلۇغ - كەڭ غەلىبە قىلغاندىلا، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقـىنىڭمۇ ئازات بولالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. شۇنىڭدەك بۇ ۋاقىتتا، يەنە خەنزۇلار بىلەن ئازسانلىق مىللەت ئوتتۇرىسىدا تارىختا شەكىللەنگەن ئايرىمچىلىق ۋە قارىمۇـقارشىلىقلارنى ھەققى يۈرەكتە ئۆزگەرتىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئابباسوپ خەنزۇ خەلقىگە قارىتىلغان خىزمەتلەرنى ئىشلەشكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئى.ئۇ. خ. ئى. پ نىڭ قابىل كادىرلىرىنى ئايرىم ھالدا ئېلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇ جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلەپ، جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش بىلەن، بۇ جەمئىيەتلەرنى خەنزۇ خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئايلاندۇردى.

1948 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىگە نىشان قىلغان، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، شىبە، رۇس، خەنزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر بىرلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئورتاق قارشى تۇرىدىغان بىرلىكسەپ تەشكىلاتى — «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى» رەسمى قۇرۇلدى. ئەخمەتجان رەئىس بولدى، ئابباسوپ رەھبەرلىك تەركىۋىـدىكىلەردىن بىرى بولۇش بىلەن قوشۇمچە ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى، 3 ۋىلايەت ئىچىكى گېزىت، دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا تارقىتىلىدىغان ئاخباراتلارغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى. شۇندىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى يېڭى باسقۇچقا كىردى، يەنى ئوقۇل دېموكراتىك ئىنقىلاپتىن ھەر مىللەت خەلقى بىرلىشىپ گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرىدىغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋقا تەرەققىي قىلدى، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى خەلق دېموكراتىيە ئىنقىلاۋى ھەركىتىگە تامامەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن خ. ئى. پ نىڭ تارقىتىلغانلىقى جاكالاندى، بۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىقىغا ئۆتتى (ئىزروچىدىكى ئەزالارمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىقىغا ئۆتتى).

ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىدە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ قالدى. تەشكىلىي جەھەتتە، ئۇ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنى ئۆز رەھبەرلىكى ئاستىغا ئالغان ئىدى. ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاپپاراتىنىڭ ئۆزلۈكسىز تولۇقلىنىشى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەرساھە خىزمەتلىرى بىرتۇتاش فاڭجېن ۋە سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېخىمۇ تەرتىپلىك راۋاجلىنىشقا باشلىدى، تايانچ بازا كۈنسايىن مۇستەھكەملىنىش بىلەن گومىنداڭنىڭ دۈمبىسىگە سانچىلغان ئۆتكۈر خەنجەرگە ئايلىنىپ، ئازاتلىق ئۇرۇشىغا كۈچلۈك ماسلاشتى.

## 5. جىددىي ھەركەتكە كېلىپ ئازاتلىقنى كۈتۈۋېلىش

1948-يىل 9-ئايدىن 1949-يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، بىزنىڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىز لياۋ-شېن، خۇەي-خەي، پىڭ-جىندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنى قوزغاپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە بارلىق خىللانغان قوشۇنلىرىدىن بىر مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇقراق ئەسكىرىنى يوقىتىپ، ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي غەلبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا 4-ئاينىڭ 21-كۈنى چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىنى قوزغىدى، مىليونلىغان باتۇرلار تەبىئىي توساقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، نەنجىڭنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئازات قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ئۇرۇشنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىشىغا ساناقلىقلا كۈن قالغان ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتمۇ ئازاتلىقنىڭ بالدۇرراق كېلىشىنى كۈتۈۋېلىشقا جىددىي ھەركەتلەنمەكتە ئىدى.

1949-يىل 5-ئايدا، شىنجاڭدا تىنچلىق-دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى غۇلجا شەھىرىدە ئاكتىپلار يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا رەئىس ئەخمەتجان رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى. ئابباسوف «نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن تېمىدا مۇھىم دوكلات بەردى. ئۇ، ئۆز دوكلاتىدا ھەممىدىن بۇرۇن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۆلكىمىزدىكى خەلقلەرنىڭ

ئاساسىي تەلىۋى — ئازاتلىق، دېموكراتىيە ۋە تىنچلىق. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆلكىمىزنى سىياسىي جەھەتتە ئەركىن، باراۋەر بولغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللەنگەن ۋە باياشات بولغان، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلغار ۋە ئۈستۈن بولغان يېڭى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ بۇ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدى ئەنە شۇ.» ئەمدى «ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسىگە كەلسەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت.» «بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت داۋامىدا ھەر خىل مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشىمىزغا توغرا ھەل قىلدۇق بىز ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئېلان قىلغان خىتابنامىمىزدا، شىنجاڭدا كۆپ مىللەت بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدۇق»، ئەمدى «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن پۈتكۈل خەنزۇ مىللىتىنى بىر، دەپ قارايدىغان خاتالىقنى ئوتتۇزغا قويغىنىمىزنىمۇ ئۇچۇق-يورۇق ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.» ئۇ يەنە كەسكىن ھالدا مۇنداق كۆرسىتىپ ئۆتكەن: «ئەمەلىيەتتە كىمگە پايدىلىق» بولدى؟ ئەلۋەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە پايدىلىق بولدى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇندىن قوللىنىپ كەلگەن خەنزۇلار بىلەن يەرلىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىغۋاگەرچىلىك سېلىشتەك ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىۋالدى.» «بىز» «بىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئىشلىرىمىزغا ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا زىيانلىق ...... مۇندىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئىتتىپاق! ئەزالىرى بىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ۋە بىزنىڭ مىللىي سىياسىتىمىزگە ئەمەل قىلىشى، ئۆتمۈشتىكى بارلىق خاتالىقلارنى تۈگىتىپ، غەلىبىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى بولغان جاھانگىرلىكنىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكە بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان بارلىق ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشىمىز لازىم.»

يولداش ئابباسوپ ئۆز دوكلادىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابنىڭ، بولۇپمۇ ھازىرقى باسقۇچتا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى، ئۇ ئۆز سۆزىدە مۇنداق دەپ توغرا كۆرسىتىپ ئۆتتى: «جۇڭگو خەلقى ئېلىپ بېرىۋاتقان خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى جۇڭگو تېررىتورىيىسىدىكى بارلىق مىللەتلەرنى ئازاتلىققا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل

قىلغىلى بولىدۇ ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر خىل زۇلۇمنى، جۈملىدىن مىللىي زۇلۇمنىمۇ يوقاتقىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئازات رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنغانلىقى بىزنىڭ پولاتتەك پاكىتى. «شۇڭا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى شەرقنىڭ، بولۇپمۇ بىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىمىزنىڭ غەلىبىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ يارىدىمى ئارقىسىدىلا ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى مەقسەتلىرىگە چاپسانلىق بىلەن يېتىشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ.»

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىزنىڭ توغرا مىللىي سىياسىتىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي باراۋەرلىكنى قەتئىي مۇستەھكەملەپ، ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، غەلىبىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نۆۋەتتە خەلقنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەلەپلىرىگە تولۇق جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، بىزنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، كۈرەشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.» يىغىندىن كېيىن، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا جايلارغا يەتكۈزدى.

روشەنكى، بۇ يىغىن ئەھمىيىتى زور سەپەرۋەرلىك يىغىنى بولدى. بۇ يىغىندا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى كەلگۈسىدىكى پۈتۈن مەملىكەت ۋە شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتە تولۇق تەييارلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان ئىدى.

ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەممە تەرەپتىن يىمىرىلمەكتە ئىدى، غەربىي-شىمالدىكى شىنجاڭمۇ پاتپاراقچىلىق ئىچىدە قالدى. 1-دالا ئارمىيىسى غەربىي-شىمال ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىۋاتاتتى، 5-ئاينىڭ 20-كۈنى، شىئەن ئازات قىلىندى، 7-ئاينىڭ 18-كۈنى باۋجى ئازات قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن غەرپكە يۈرۈش قىلىدىغان يول ئېچىلدى، شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاببا سوپ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلىرىدا قوزغىلىۋاتقان سىياسىي ھۇجۇمغا رەھبەرلىك قىلدى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ تەشۋىق ۋاراقلىرى ئېسىپ تارقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىدارىلەر، ھەربىي قىسىملار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ پائال ھەركەتلىنىپ، ئازاتلىقنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كەتتى.

8-ئايدا يولداش دېڭ لىچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقە باغلىغۇچى

خادىمى سالاھىيىتى بىلەن غۇلجىغا كەلدى . ئەخمەتجان ، ئاببابسوپ قاتارلىق يولداشلار بىلەن كورۇشتى . 9 - ئايدا ، بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا شىنجاڭدىن ۋەكىل تەيىنلەپ قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ، بۇ ئىنتايىن خوشاللىنارلىق ئىش ئىدى . ئاخىرى بىزنىڭ كۈتكەن كۈنىمىز كەلدى . ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسى كوز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلىدىغان ئۇلۇغ ئىشقا ئوز ۋەكىللىرىمىزنى قاتناشتۇرۇش نەقەدەر خوشاللىنارلىق ئىش - ھە ! مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ، ئەخمەتجان ، ئاببابسوپ ، ئىسھاقبەگ ، دەلىلقان ۋە ئۇرۇمچىدىن لوجىز قاتارلىق 5 نەپەر كىشىنى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئەۋەتىدىغان بولدۇق . ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوكۈمرانلىقىدىن چاپسانراق ئازات بولۇش توغرىسىدىكى ئۈمىت - ئارزۇلىرىنى ئېلىپ ، تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان خوشاللىق ئىچىدە 8 - ئاينىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىنىڭ بىرىدە ئىلىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا ئۇچۇپ كەتتى .

مۇستەقىل ، ئەركىن ، تىنچ ، بىرلىككە كەلگەن يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كېلىپ ، يۈز يىللاردىن بۇيان جاھانگىرلىكنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە زۇلمىغا ئۇچرىغان يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگوغا مەڭگۈ خاتىمە بېرىلىش ئالدىدا ئىدى.

## 6 . ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن قازاغا ئۇچراش

كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن! بېيجىڭغا ئۇچقان ئايروپىلان ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ. سوۋېت چېگرىسى ئىچىدە ھادىسىگە ئۇچراپ ، يىغىنغا قاتناشقىلى ماڭغان ۋەكىللىرىمىز ۋە خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قازا تاپتى . بۇ شۇم خەۋەر رەسمىي ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، خۇددى ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك ، پۈتۈن ئادەم قايغۇغا چۆمۈپ ، بۇ ئىشنىڭ راست ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگىسى كەلمەي قالدى ، ھەتتا بىر نەچچە كۈن ئوتكەندىن كېيىنمۇ ، كىشىلەر شۈبھىلەنگەن قىياپەتتە بىر - بىرىدىن سوراشتى . بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىپ ، ئويلىمىغان يەردىن چىققان ئىدى . كىشىنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى ، ئۇلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلىدىغان تەنتەنىلىك مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ ، يولدا قۇربان بولدى . ئۇلار ھەم مەملىكىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ تەبرىك تەنتەنىسىگە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە قاتنىشالمىدى ، ھەم تيەنئەنمېن راۋىقى ئۈستىدە كوتىرىلگەن تۇنجى قېتىملىق بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى كورەلمەي ئالەمدىن كېتىپ قالدى .

يولداش ئاببابسوپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئامما ئارىسىدا يۇكسەك ئابرويغا ئىگە ئىدى ، ئۇ ، 1944 - يىل

11 - ئايدىكى غۇلجا قوزغىلىڭى بىلەن شەھەرنى ئازات قىلىش كۆرىشىنى ئۇيۇشتۇر-غان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان. 1945 - يىل 9 - ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، ئاقسۇنى ئېلىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بەلگىلەنگەن، بىڭگۇندا خەنزۇلارنى ئولتۇرۇش ۋە قولغا ئېلىشقا قوشۇلمىغانلىقتىن، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان، تېچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ھەيئەت، قوشۇمچە، مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان. ئابباسوف ئادەمگەرچىلىكتە تۈز، ئىستىلدا ئاددىي - ساددا ئىدى. ئامما بىلەن چىقىشىپ، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاق قىلىشالايتتى، خىزمەت كۆرسىتىم دەپ مەغرۇرلانمايتتى. ئۇنىڭ پارتىيىگە چوڭقۇر مۇھەببىتى بار ئىدى، پارتىيە، رەھبەرلىكىدە، ئىنقىلاپ ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇشنى جەددىي ئۈمىت قىلاتتى. ئۇ، 1949 - يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ناھايىتى چاپسان راۋاجلىنىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىدىن چوڭقۇر مەمنۇن بولۇپ: « بىزنى ھەقىقەتەن ئۇلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، بىز شىنجاڭدا ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالمىدۇق، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىشىغا تېخىمۇ ئوبدان ماسلىشالمىدۇق » دېگەن ئىدى.

ئابباسوف يۈكسەك غايە ۋە قابىل ئىقتىدارغا ئىگە ياش سىياسەتچى ئىدى. ئۇ، ۋەتەننى سۆيەتتى، خەلق ئازاتلىق ئىشلىرىغا سادىق ئىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. ئۇنىڭ قازاغا ئۇچراپ، ئالەمدىن ئۆتۈشى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، شۇنداقلا پارتىيىمىز ئۈچۈن زور يوقىتىش!

34 يىل ئۆتۈپ كەتتى، يەر قويىنىدا ياتقان ئىنقىلاۋىي قۇربانلىرىمىزغا تەسەللى بولىدىغىنى شۇكى، جۇڭگودا جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۇلارنىڭ يۇرتى — شىنجاڭدا تېخىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، سىياسىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈپ ئازاتلىققا چىقتى، مىللىي ئاپتونومىيە قۇرۇلدى، شۇنىڭدەك ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىش بولدى. زامانىۋىلاشقان سانائەتتىن بولمىغان قالاق يېزا ئىگىلىك رايونى بىر سەكرەپلا بىرقەدەر ئىلغار دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت سىستېمىسى ئاساسەن تولۇقلانغان رايونغا ئايلاندى. كۈندىلىك ئىستېمال قىلىنىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى بويىچە ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى بەزى توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى چەتكە چىقىرىلىدىغان بولدى. دېمەك، ئىنقىلاۋىي قۇربانلىرىمىز ھايات ۋاقتىدا ئارزۇ قىلغان سەۋىيىدىن

كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، بىز تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىسىدا 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەشمەكتىمىز. ئىنقىلاۋىي قۇربانلىرىمىزنى ئەسلىگەن بۈگۈنكى پەيتتە، بىزمۇ خۇددى شۇلارغا ئوخشاش ئۆز ھاياتىمىزنى خەلق ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، ئەڭ گۈزەل كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خالىس تەقدىم قىلىپ، زامانىغا مۇناسىپ كىشىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك. كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ رايونىمىزدا، ئابباسوپقا ئوخشاش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى قەدىرلىشىمىز، ھەر ۋاقىت مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم. ئابباسوپ مىللىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشكەن ۋە بەلكى كۈچىيىپ، مىللىي ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە ئايلانغان، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ دەۋردە، ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئەڭ قالايمىقانلاشقان بىر پەيتتە، ماركسىزىملىق سەگەك مېڭىسى بىلەن دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىتىپ ئالالىدى، پۈتكۈل خەنزۇلار بىلەن ئۆچەكەشمىدى، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى دەل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاراتتى. شۇ چاغدا، ھەددەپ ئۇرۇلۇۋاتقان تار مىللەتچىلىك ئىددىيە خاھىشلىرىنىڭ تەسىرىگە بېرىلمەي، خەنزۇ خەلقىنىڭ ھايات ۋە مال - مۈلكىنى قوغداپ قالدى. بۇ، نېمىدېگەن جاسارەت، نېمە دېگەن غەيرەت، نېمە دېگەن شىجائەت - ھە! ھالبۇكى، بۇنداق قىلىش ئۇنى يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى، ھەتتا مۇنداق قىلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. لېكىن ئۇ، بۇنىڭ بىلەن قىلچە ھېسابلاشمىدى. ئۇ پەقەتلا قانداق قىلغاندا ئىنقىلابقا پايدىلىق بولىدىغانلىقى، ئىتتىپاقلىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا پايدىلىق بولىدىغانلىقىنىلا نەزەردە تۇتتى. ئۆزىنىڭ بىر مەھەل يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ۋە زەربىگە ئۇچرىشى بىلەن كارى بولمىدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان ئادەم ھەرگىزمۇ يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ، ئەگەر يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ، ئۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، بۇنىڭغا 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخى توغرا جاۋاب بەردى.

بىز ئىنقىلاۋىي قۇربانلىرىمىزنى ئۈلگە قىلىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يېڭى ۋەزىيىتىدىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى.

ئىزاھلار :

① ماۋزېدۇڭ : « جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل » « ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى » 1- توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - بەت .

② « شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى » — ئۇز ۋاقتىدا ، ماركسىزم - لېنىنىزم تەربىيىسىدە يېتىلىپ چىققان بىر تۈركۈم ياش زىيالىلار تەرىپىدىن 1944 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلغان . ئۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغان بولۇپ، شىنجاڭدا يەر ئاستى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، تۈرمىدىكى پارتىيە تەشكىلى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالاقە باغلىغان ئىدى. 1945 - يىلى كۈزدە، ئادەم ئەۋەتىپ ، چۇڭچىڭدا پارتىيە بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەن . چۇڭچىڭدىن كەلگەن خەتتە ، شۇ ۋاقىتتىكى مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى ۋە كۈرەشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىسى بايان قىلىنىپ ، بىزنىڭ ئىمكان قەدەر تېزرەك شەرقىي - شىمالغا يېرىشىمىز كۆرسىتىلگەن . شۇ يىلى قىشتا ، يولداشلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ، شەرقىي - شىمالغا ، شەنشى ، گەنسۇ، نىڭشىيا چېگرا رايونىغا ۋە شىمالىي جۇڭگو ئازات رايونىغا كەتتى ، قالغان يولداشلار شىنجاڭدا كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى . 1946 - يىلى باھاردا ، شىنجاڭ تۈرمىسىدە ياتقان بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكى مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق رەھبەرلىكىگە يەتكۈزۈلۈپ، پارتىيىمىزنى يولداشلارنى قۇتقۇزۇشتا ئاساسلىنىدىغان ھۆججەت بىلەن تەمىنلىدى . 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىتتىپاقنىڭ رەھبىرى يولداش ئابباسوپ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە ھەمكارلاشقان . 1947 - يىلىنىڭ بېشىدا بىرلىشىپ ، خ ، ئى. پ نى تەشكىل قىلىپ ، ئەزالارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئەزالىقىغا ئۆتكەن . شۇ يىلى 3 - ئاي ۋە 8 - ئايلاردا ، بىر قىسىم يولداشلار 3 ۋىلايەتكە يۆتكۈلۈپ ، قالغانلىرى ئۈرۈمچىدە يەر ئاستى خىزمەت ئىشلەپ بارغان ، بۇ ئەھۋال تا ئازاتلىققا قەدەر داۋام قىلغان . 1949 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە قالغان رەھبەر يولداش لوچېڭ خەنزۇ ۋەكىل بولۇپ ، بېيپىڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ماڭغاندا ، بەختكە قارشى ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا تاپقان . كېيىن يولداش تۆجىڭ بېرىپ قاتناشتى . ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە « كۈرەش » ژورنىلى نەشر قىلىنغان ئىدى . ئازاتلىقتىن كېيىن ئىتتىپاق ئەزالىرى بىر - بىرلەپ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىشكە باشلىدى .

③ ماۋزېدۇڭ: «ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ فاڭجېنىمىز» «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1126 - بەت.

④ تېچلىق بىتىمىنىڭ 1 - ماددىسىغا قارالسۇن.

⑤ 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، پىچان، تۇرپان، توقسۇن 3 ناھىيىدە گومىنداڭنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، مەسئۇدنى رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تەلەپ قىلىندى. ھەربىلەرنىڭ سىياسىغا ئارىلىشىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈلدى. بۇنى گومىنداڭ ھەربىي كاتتىۋاشلىرى ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قوراللىق باستۇردى، ئاي ئاخىرىغا بارغاندا، بۇ قوزغىلاڭنى جىمىقتۇردى. گومىنداڭچىلار ئىقرار قىلغان تولۇقسىز مولچەرگە قارىغاندا، 3000 دىن ئارتۇق بىگۇناھ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، ۋەقەدىن كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دېھقانلار بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىدى.

⑥ ئابباسوۋنىڭ 1949 - يىل 5 - ئايدا قىلغان: «نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن دوكلادىغا قارالسۇن.

جۇنەيد بەكرى تەرجىمىسى